## 190566 ـ قۇرئان كەرىم ياد ئالدۇرۇش ئورۇنلىرىغا زاكات ماللىرىنى بېرىش توغرا بولمايدۇ

### سۇئال

ئالللاھ تائالا خالىسا كىلەر يىلى قۇرئان كەرىم ياد قىلدۇرۇش مەكتىۋى سالىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئوچۇقلاشتۇرۇشنى خالايمەن:

1– مۇشۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىسلام بانكىلىرىنىڭ بىرىدىن زاكات ماللىرىنى توپلاش ئۈچۈن ھېساب ئاچساق توغرا بولامدۇ؟.

2–مۇشۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ زاكات توپلىسام بولامدۇ؟.

3–زاكات ماللىرى توپلانسا بىز ئۇ ئىقتىسادنى مەكتەپنىڭ ئوقۇش باشلاش ۋاقتى تولۇق بىر يىل ياكى مەلۇم ۋاقىت كىچىكتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن ھېچقانداق بىر ئىشقا ئىشلىتەلمەيمىز، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئىقتىساد قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا زاكات بېرىش كېرەك بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: زاكات ماللىرىنى ئالللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان سەككىز تۈرلۈك كىشىلەردىن باشقىلارغا بېرىش توغرا بولمايدۇ. ئالللاھ تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّـهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِّنَ اللَّـهِ وَاللَّـهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌتەرجىمىسى: زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئالللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئالللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئالللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. [سۈرە تەۋبە 60–ئايەت].

يۇقىرىقى ھۆكۈم ئىسلامى مەكتەپ، قۇرئان كەرىم ياد قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بارلىق خەيرىيەت ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق ئورۇنلارنى ياساش ۋە قۇرۇش ئىشلىرىغا زاكات ماللىرىنى سەرپ قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئەمما ئاشۇ مەكتەپ ياكى مەركەزلەردە ئوقۇغۇچى ياكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا زاكاتقا ھەقلىق كىشىلەر بولسا زاكاتنى شۇلارغا بەرسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 125481 ـ ۋە 146368 ـ نومۇرلۇق سوئالالارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىككىنچى: قۇرئان ياد قىلدۇرىدىغان مەكتەپ قۇرۇش ۋە بۇ ئىشلارنى تەرتىپلەش ئۈچۈن كىشىلەرنى بۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭغا زاكات ماللىرىنى سەرپ قىلماستىن باشقا يوللار بىلەن ئىقتىساد ھەل قىلىش لازىم.

مەكتەپ قۇرۇلىشى ئۈچۈن كۆچ چىقىرىۋاتقان كىشىلەر بۇنىڭغا ئىئانە توپلاش ئۈچۈن ئايرىم ئىئانە ساندۇقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىشى لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىسلام بانكىلىرىنىڭ بىرىدىن ھېساب ئېچىش يولى بىلەن ئىقتىساد توپلىسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن توپلانغان ئىقتىسادقا زاكات پەرىز بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ۋەقپە قىلىنغان ماللارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 94842 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.